# ئېپوس بىلەن خەلق ئېغىز داستانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

تۇرسۇنئاي تۇراق

**مۇھىم مەزمۇنى:** ئېپوس بىلەن خەلق ئېغىز داستانلىرى ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، تۈزۈلۈش، شەكىل جەھەتتىن ۋە ياكى ئورۇنلىنىش، تارقىلىش ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن بولسۇن بىر-بىرىگە ئىنتايىن يېقىن كېلىدۇ. لېكىن، بۇلار ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ژانىر بولۇپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدا يەنىلا بىر قاتار پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ پەرقلەر ئېپوس بىلەن داستاننى بىر-بىرىدىن ئېنىق ئايرىۋېلىشىمىزدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. بۇ ماقالىدە ئېپوس بىلەن خەلق ئېغىز داستانىغا ئېنىقلىما بېرىلىش بىلەن بىللە، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەر تەھلىل قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئېپوس؛ داستان؛ ئورتاقلىق؛ پەرق

ئېپوس بىلەن خەلق ئېغىز داستانلىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسى نەزمىي شەكىل بىلەن ۋەقەلىك بايان قىلغۇچى چوڭ ھەجىملىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىدۇر. ئېپوس بىلەن خەلق ئېغىز داستانلىرىنىڭ مۇكەممەل ۋەقەلىك سۇژىتلىرىغا ئىگە بولۇشى ۋە ۋەقەلىكنىڭ شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىنىشىدەك ئورتاق ئالاھىدىلىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ ئىككى خىل ژانىر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئېنىق تۈرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىشىمىزغا بەلگىلىك قىيىنچىلىق تۇغدۇرماقتا. تەتقىقات ئەسەرلىرىدە بۇ ئىككى خىل ئاتالغۇ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بىرقەدەر ئېغىر. ئەمەلىيەتتە داستان بىلەن ئېپوس ئوتتۇرىسىدا ئىنچىكە پەرق مەۋجۇت. بۇ ئىككى خىل ژانىر ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىر-بىرىنى ئېنىق ئايرىش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر تەرەپلەرنىڭ بىرى.

## 1. ئېپوس

«ئېپوس» دېگەن بۇ ئاتالغۇ گرېك تىلىدىكى «Epos»دىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى «مەدداھلىق» ياكى «ھېكايە» دېگەندىن ئىبارەت①. مەملىكىتىمىزدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان جوڭ جىڭۋېن ئەپەندى ئېپوسقا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىدۇ: «ئېپوس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بايان خاراكتېرلىك شېئىر بولۇپ، ھەجىم جەھەتتىن بىرقەدەر چوڭ بولغان كىلاسسىك ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئېپوس شېئىرىي يول بىلەن مەلۇم مىللەتكە ئالاقىدار بولغان ئاسمان-زېمىن ۋە ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىش ئەپسانىلىرى ۋە مىللەتنىڭ كۆچۈش تارىخى، ئۇرۇشلار، قەھرىماننىڭ تۆھپىلىرى قاتارلىق بىرقەدەر زور كۆلەمدىكى ئىشلارنى بايان قىلىدۇ»②. ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە قەھرىمانلارنى مەدھىيەلەش ئېپوسلاردىكى ئىككى چوڭ ئاساسىي تېما ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، كىشىلەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار تىل ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ بارا-بارا يەككە ھالدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. «مۇستەقىل ئىجادىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ، ئېپوسلار مەيدانغا كېلىشتىن توختىدى»③. ئەگەر (بىرەر شەخس يەككە ھالدا) بىرەر ئېپوسنى مەيدانغا كەلتۈرگەن

① بى شۈن: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004-يىلى نەشرى، 273-بەت.
② جوڭ جىڭۋېن: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2010-يىلى، 204-بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 205-بەت.

تەقدىردىمۇ، بۇ ھەرگىز ھەقىقىي مەنىدىكى (ئەنئەنىۋى) ئېپوس ھېسابلانمايدۇ ھەم ئېپوسنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. بۇ، خۇددى ھازىرقى زاماندا بىرەر يېڭى ئەپسانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن بولمىغاندەكلا ئىش.

## 2. داستان

«داستان» ئاتالغۇسى تىلىمىزغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، پارس تىلىدا «ھېكايە، رومان، ئەپسانە، رىۋايەت، تەزكىرە، چۆچەك، ئاھاڭ، رىتىم»① قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. خەنزۇ تىلىدا «叙事长诗» دەپ ئېلىنىدۇ. مەملىكىتىمىز ئەدەبىياتىدا داستان كەڭ ۋە تار ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ. كەڭ مەنىدە، ئۇ نەزمىي شەكىلدە مەلۇم ئىشنىڭ جەريانىنى بايان قىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئېپوسلارمۇ داستانغا تەۋە بولىدۇ. تار مەنىدە، ئۇ سىنىپىي جەمئىيەت پەيدا بولغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن، كىشىلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇش، قايغۇ ـ شادلىقلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان، مۇكەممەل ھېكايە ۋەقەلىكى ۋە تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىغا ئىگە بولغان قاپىيەلىك ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتىدا ئاساسلىقى داستاننىڭ تار مەنىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ②. ياش تەتقىقاتچى ئابدۇۋەلى كېرىم ئۆزىنىڭ يېقىندا نەشر قىلىنغان كىتابىدا داستان ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «خەلق ئېغىز داستانلىرى نەزمىي ۋە ياكى نەزمىي ۋە شېئىرىي شەكىللەر ئارىلاش كەلگەن، ھېكايە ۋەقەلىكىنى بايان قىلىش ۋە ئوبراز يارىتىشنى ئاساس قىلغان شېئىرىي ژانىر»③.

داستان سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا نەزمىي ۋە ياكى نەزمىي، نەسرىي شەكىللەر ئارىلاش قوللىنىلىدۇ. ۋەقەلىك ۋە مەزمۇن جەھەتتىن تۇرمۇش چىنلىقىغا يېقىن كېلىدۇ. مۇھەببەت ۋە نىكاھ، دىن، سىنىپىي كۈرەش، قەھرىمانلىق ئۇرۇشلىرى قاتارلىقلار خەلق ئېغىز داستانلىرىدىكى ئاساسىي تېمىلاردۇر.

## 2. ئېپوس بىلەن داستاندىكى ئورتاق تەرەپلەر

ئېپوس بىلەن داستاننىڭ ھەر ئىككىلىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇكەممەل ۋەقەلىك بايانغا ئىگە چوڭ ھەجىملىك نەزمىي ئەسەرلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى باشقا ژانىرلارغا ئوخشاش، ئېپوس ۋە داستانلارمۇ ئاغزاكىيلىق، كوللېكتىپچانلىق، ۋارىسچانلىق ۋە كۆپ خىل ۋارىيانتلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئېپوس ۋە داستان ئېيتقۇچىلارنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار سۆزمەن، ھازىرجاۋاب كېلىدۇ. ئېيتقۇچىلار مەلۇم سورۇندا ئاغزاكى ئورۇنلاپ، تىڭشىغۇچىلار نەخ مەيداندا قوبۇل قىلىدۇ. ئېپوس ۋە داستانلار مەلۇم كىشى تەرىپىدىن مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئىجاد قىلىنغان بولماستىن، خەلق ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراستى نەتىجىسىدە توختىماي ئۆزگىرىش ياساپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تارقىلىشلار ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئېيتقۇچىلارنىڭ ھەر قېتىملىق ئورۇنلىشى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ھەر قېتىملىق ئورۇنلاش يېڭى بىر ئىجادىيەت مېۋىسىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئېپوس ۋە داستانلار ئاغزاكى تارقىلىدىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يازما ئەسەرلەردەك مۇقىم، قېلىپلاشقان شەكلى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋارىيانتلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. داستاننىڭ تارقىلىشىدا بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش زۆرۈر بولغان ئېيتقۇچى، ئاڭلىغۇچى ۋە ئاغزاكى تېكىستتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ مۇھىم ئامىل ئېپوسلار ئۈچۈنمۇ ئورتاق. بۇ ئىككى خىل ژانىرنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە مۇكەممەل سۇژىت ۋە پېرسوناژلار ئوبرازى بولىدۇ، نەزمىي شەكىل ئاساس قىلىنىدۇ، ھەجىممۇ بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ. يۇقىرىقىلار ئېپوس ۋە خەلق ئېغىز داستانلىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگىلا ئورتاق بولغان ئالاھىدىلىكلەردۇر.

① 北京大学东方语言文学系编：《波斯语－汉语词典》，商务印书馆 1981 年版，第 979 页。

② بى شۈن: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى، 241 ـ بەت.

③ 阿布都外力・克热木：《维吾尔族民间口承达斯坦研究》，中国社会科学出版社，2014年版。

## 4. ئېپوس بىلەن داستاننىڭ پەرقلىق تەرەپلىرى

داستان ۋە ئېپوسنىڭ بىر ژانىرغا تەۋە ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتلاردا ھېلىھەم تالاش-تارتىش مەۋجۇت. ئەمەلىيەتتە ئېپوس بىلەن خەلق ئېغىز داستانلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئىككى خىل ئەدەبىي ژانىردۇر.

### 1) زامان جەھەتتە

ئېپوس ـ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ھېس-تۇيغۇلىرى ۋە بىلىش پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. داستان ــ ئىنسانىيەت سىنىپىي جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشقاندىن كېيىن پەيدا بولغان بولۇپ، تارقىلىش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە ئۆزلۈكسىز مۇجەسسەملىگەن، فېئوداللىق جەمئىيەتكە كەلگەندە ناھايىتى جانلانغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋە مىللەتنىڭ كۆچۈشى قاتارلىقلار ئېپوسنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان بولسا، قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرى ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەش، شەخسنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى داستاننىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئېپوس داستانغا قارىغاندا تېخىمۇ يىراق قەدىمكى دەۋرلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

### 2) تېما دائىرىسى جەھەتتە

ئېپوستا ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە قەھرىمانلارغا بولغان مەدھىيەلەر ئاساسىي تېما قىلىنسا، داستاندا مۇھەببەت، نىكاھ، سىنىپىي زىددىيەت ۋە كۈرەش، دىن قاتارلىقلار ئاساسىي تېما قىلىنىدۇ. ئېپوس ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىلىرى ۋە ياكى تەبىئەتتىن ھالقىغان ئارزۇ-خىياللىرىنى ئەكس ئەتتۈرسە، داستان بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان تۇرمۇش كارتىنىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۈر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئېپوس ــ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدىكى ئېپوسلار ۋە قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى ئېپوسلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. داستان ــ قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن سىرت، يەنە مۇھەببەت داستانلىرى، تارىخىي داستانلار ۋە دىنىي داستانلار دېگەندەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. داستانلارنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولغانلىقتىن، سانىمۇ ئېپوسلارغا قارىغاندا خېلىلا كۆپ.

### 3) چىنلىق جەھەتتە

ئېپوس ـ ئىنسانىيەت مىللەت بولۇپ ئۇيۇشقان دەسلەپكى مەزگىللەردە مەيدانغا كەلگەن بولغاچقا، قويۇق ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە. ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە مەيدانغا كەلگەن بىر قىسىم ئېپوسلاردىكى قەھرىمانلار ئوبرازى ھەتتا ئىلاھلاشقان بولۇپ، قەھرىمان بىلەن ئىلاھ ئاساسەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن. بۇ خىل ئېپوسلارنى نەزمىي شەكىلدىكى ئەپسانىلەر دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدىكى قاراشلىرى چوڭقۇرلاپ، ئېپوسلاردىكى ئىلاھلاشقان ئوبرازلارنىڭ ئورنىنى ئىلاھىي كۈچكە ئىگە قەھرىمان شەخسلەر ئىگىلىگەن. ئېپوسلاردىكى ئەپسانىۋى پۇراق پەيدىنپەي ئاجىزلاپ بارغان. لېكىن، خەلق تۇرمۇشىدىكى زىددىيەت، توقۇنۇش، قايغۇ-شادلىقلارنى مەنبە قىلىدىغان داستانلارغا قارىغاندا ئېپوسلارنىڭ ئەپسانىۋىلىكى يەنىلا بىرقەدەر قويۇق، ۋەقەلىك بىرقەدەر داغدۇغىلىق، قەھرىمانلار ئوبرازى ناھايىتى غايىۋى ۋە ئۇلۇغۋار بولىدۇ. داستانلاردەك دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ ئەركىن ئۆزگىرىپ، تۇرمۇش چىنلىقىغا يېقىنلىشىپ بارمايدۇ. ئەلۋەتتە، بىر قىسىم داستانلارمۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ قوللىنىلىشى جەھەتتە خەلق چۆچەكلىرىگە يېقىن كېلىدۇ. بۇ خىل داستانلارنىڭ فانتازىيەلىك تۈسى بىرقەدەر قويۇق بولىدۇ. ئېپوس ۋە داستاندا بىزدىن كۆپ دەۋر ئىلگىرى ئۆتكەن ئەجدادلار پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان، بولۇپمۇ ئېپوستا تېخىمۇ قەدىمكى زامانلاردىكى مەلۇم قەبىلە ياكى مىللەتكە ئائىت تارىخىي ۋەقەلىكلەر سۆزلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

ئۇلار شۇ قەبىلە ياكى مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

### 4) تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتە

ئېپوس ـــ ئومۇمەن باشتىن ـ ئاخىر نەزمىي شەكىلدە ئېيتىلىدۇ. داستان بولسا نەزمىي شەكىلدە ياكى نەزمىي شەكىلدىكى دىيالوگ، مونولوگلار بىلەن نەسرىي شەكىلدىكى ۋەقەلىك بايانى ئارىلاش ئورۇنلىنىدۇ. داستان ئاساسەن ئۈچىنچى شەخستە بايان قىلىنىدىغان بولۇپ، داستانچىلار ۋەقەلىكنى باشلاشتىن بۇرۇن «مۇقەددىمە» قاتارىدا خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرى ياكى ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان مەزمۇنلارنى ئورۇنلاپ، داستانغا رەسمىي كىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. ئورۇنلىنىش شەكلى جەھەتتىمۇ، ئېپوسلار كۆپىنچە باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل رېتىمدا ۋە بىر خىل ئاھاڭدا بايان قىلىنسا، داستانلار مەلۇم چالغۇ ـ ئەسۋابنىڭ ياردىمىدە، ۋەقەلىك تەرەققىياتىغا ماس ھالدا خىلمۇخىل مۇزىكىلىق ئاھاڭلار بىلەن ئارىلاش ئېيتىلىدۇ. داستانلارنىڭ مۇزىكىدارلىق خۇسۇسىيىتى ئېپوسلاردىن خېلىلا كۈچلۈك بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن سىرت، خەلق ئېغىز داستانلىرىدا ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر گەۋدىلىك. مەسىلەن، خەلق ئېغىز داستانلىرىنىڭ تىلى، ۋەقەلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، داستانلاردا قوللىنىلغان ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ۋە شېئىرىي شەكىل قاتارلىقلاردا ئەرەب، پارس ئەدەبىياتلىرىنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئېپوس بىلەن داستان مۇكەممەل سۇژىت ۋە تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىغا ئىگە بولغان، داستانچىلارنىڭ ئاغزاكى ئورۇنلىشى ئارقىلىق ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تۈرلەردۇر. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە خاس بولغان ئورتاقلىقلار بولغاندىن سىرت، يەنە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، تېما دائىرىسى، مەزمۇن، چىنلىق دەرىجىسى ۋە تۈزۈلۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنچىكە پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ پەرقلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندا، ئېپوس بىلەن خەلق ئېغىز داستانىنى ئۇقۇم جەھەتتىن ئارىلاش قوللىنىشتىن ساقلانغىلى ۋە ئېپوس تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى داستان تەتقىقاتىغا توغرا تەتبىقلاپ، تەتقىقاتنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**

1. 钟敬文主编:《民间文学概论》，高等教育出版社，2010 年版。
2. 毕桪主编:《民间文学概论》，民族出版社，2004 年版。
3. 北京大学东方语言文学系编:《波斯语—汉语词典》，商务印书馆 1981 年版。

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھىنۇر يۇنۇس